بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

# ئىسلام ئاۋازى

28- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

## بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا لَهُمْ أَلَّا يُعَذِّبَهُمُ اللَّهُ وَهُمْ يَصُدُّونَ عَنِ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ وَمَا كَانُوا أَوْلِيَاءَهُ إِنْ أَوْلِيَاؤُهُ إِلَّا الْمُتَّقُونَ وَلَكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ۞ وَمَا كَانَ صَلَاتُهُمْ عِنْدَ الْبَيْتِ إِلَّا مُكَاءً وَتَصْدِيَةً فَذُوقُوا الْعَذَابَ بِمَا كُنْتُمْ تَكْفُرُونَ ۞﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«ئۇلار (باشقىلارنىڭ) مەسجىدى ھەرەمگە كىرىشىنى توسۇۋاتسا، الله ئۇلارغا نېمىشقا ئازاب قىلمىسۇن؟! ئۇلار مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئىگىلىرى ئەمەس، مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئىگىلىرى تەقۋادارلاردىن باشقىلار ئەمەستۇر لېكىن (بۇنى) ئۇلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ [34]. ئۇلارنىڭ مەسجىدى ھەرەمنىڭ يېنىدىكى ئىبادىتى پەقەت ئىسقىرتماق، چاۋاك چالماقتىنلا ئىبارەت بولدى. (ئى كاپىرلار!) كاپىر بولغانلىقىڭلار تۈپەيلىدىن (دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ) ئازابىنى تېتىڭلار [35]» (سۈرە ئەنفال 34- ۋە 35- ئايەت).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

بۇ ئايەت ھەققىدە سەييىد قۇتۇب رحمه الله مۇنداق دېگەن: «ئۇلارنىڭ: <بىز ئىبراھىمنىڭ ۋارىسلىرى ۋە مەسجىدى ھەرەمنىڭ باشلىقلىرى> دېگەن دەۋالىرى ئۇلارنى الله نىڭ ئازابىدىن قوغداپ قالالمايدۇ چۈنكى بۇ دەۋا ئاساسى يوق قۇرۇق دەۋادۇر. ئۇلار بۇ ئۆي (يەنى بەيتۇللاھ)نىڭ ھەقىقىي ئىگىلىرى ئەمەس، ماھىيەتتە ئۇلار بۇ ئۆيگە تاجاۋۇز قىلغان بۇلاڭچىلاردۇر. بەيتۇللاھ بولسا ئىلگىرىكىلەردىن كېيىنكىلەرگە مىراس قالىدىغان مال ئەمەس، ھەرەمگە پەقەت تەقۋادار (يەنى ھىجرەت ۋە جىھاد دېگەندەك پەرزلەرنى تەرك ئەتمەي ئاسىيلىقتىن ئېھتىيات قىلغان) كىشىلەر ۋە الله نىڭ ئەۋلىيالىرى (يەنى الله نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىغانلار) ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئىبراھىم عليه السلام غا ۋارىسلىق قىلىش قان ۋە نەسەب بىلەن ئەمەس بەلكى دىن ۋە ئەقىدە بىلەن بولىدۇ. تەقۋادارلار ئىبراھىم عليه السلام نىڭ ۋە ئىبراھىم عليه السلام الله ئۈچۈن بىنا قىلغان بەيتۇللاھنىڭ ھەقىقىي ۋارىسلىرىدۇر چۈنكى ئۇ مۇشرىكلار بولسا ئىبراھىم عليه السلام نىڭ دىنىغا ئىمان كەلتۈرگەن الله نىڭ ھەقىقىي ئەۋلىيالىرىنى ئۇ ئۆيدىن توسىدۇ، ماھىيەتتە ئۇلار بۇ ئۆينىڭ ھەقىقىي ئىگىلىرى ئەمەس. ئۇلارنىڭ بۇ ئۆينىڭ يېنىدا ئوقۇغان نامازلىرى ناماز ھېسابلانمايدۇ، ئۇلار پەقەت بۇ ئۆينىڭ ھۆرمىتىنى ھېس قىلمايدىغان ۋە الله تىن قىلچە ئەيمەنمەيدىغان مەخلۇقلاردۇر. ئىبنى ئۆمەر رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: <ئۇلار (بەيتۇللاھنىڭ يېنىدا ناماز ئوقۇغاندا) مەڭزىلىرىنى يەرگە قويۇپ چاۋاك چېلىشىدۇ ۋە ئىسقىرتىشىدۇ>. مانا بۇ خىل ھالەتتىن بۈگۈنكى كۈندىكى كۆپلىگەن ئاتالمىش <مۇسۇلمان دۆلەتلىرى>دە بوسۇغا ۋە پەلەمپەيلەرگە مەڭزىلىرىنى يېقىپ، يەردە ئېغىناپ، ۋارقىراپ-جارقىرىغان ھالدا چاۋاك چېلىپ ناخشا ئېيتىشىۋاتقان ۋە مۇزىكا چېلىشىۋاتقان كىشىلەرنىڭ قىياپەتلىرى كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولىدۇ. دېمەك، جاھىلىيەت (مانا بۇ ئايەتتە) نۇرغۇن كۆرۈنۈشلەر ئىچىدىكى مەلۇم بىر كۆرۈنۈشتە گەۋدىلەنمەكتە. بۇندىن ئىلگىرى (يەنى بۇ ئايەتنىڭ ئالدىدا) جاھىلىيەت ئەڭ چوڭ ۋە روشەن كۆرۈنۈشتە، يەنى بەندىلەرنىڭ زېمىندا ئىبادەت قىلىنىش ۋە ئىنسانلار ھاياتىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش كۆرۈنۈشىدە ئىپادىلەنگەن ئىدى. جاھىلىيەتنىڭ بۇ خىل كۆرۈنۈشى مەنبە ۋە يىلتىز خاراكتېرلىك كۆرۈنۈش بولۇپ، قالغان كۆرۈنۈشلەر بۇنىڭ تارماقلىرىدۇر.

<(ئى كاپىرلار!) كاپىر بولغانلىقىڭلار تۈپەيلىدىن (دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ) ئازابىنى تېتىڭلار>. الله مانا بۇ ئازابنى بەدر كۈنى كاپىرلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ قولى بىلەن تېتىتتى لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە تىلىگەن ئازاب بولسا ئۇلاردىن كېچىكتۈرۈلدى. بۇنىڭ سەۋەبى — الله نىڭ ئۇلارغا رەھىم قىلغانلىقى ۋە ئۆز پەيغەمبىرىنى ھۆرمەتلىگەنلىكىدىندۇر چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋاتقان پەيتتە الله ئۇلارغا ئازاب چۈشۈرمەيتتى، مۇشۇنداق قىلغاندا ئۇلار ئاخىرقى ھېسابتا قىلغان گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ الله تىن مەغپىرەت تىلىشى مۇمكىن ئىدى» («في ظلال القرآن»دىن ئېلىندى).

## دىنىي ئەھكاملار

### ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

#### ئىماننىڭ ئۈچىنچى رۇكنى: الله نىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش

سوئال: الله نىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە شۇنىڭغا قەتئىي ئىمان كەلتۈرىدۇكى، الله تعالى پەيغەمبەرلىرىگە نۇرغۇن كىتابلارنى چۈشۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا الله نىڭ بۇيرۇغانلىرى ۋە توسقانلىرى، مۇكاپات ۋە جازا ۋەدىلىرى ھەمدە بەندىلىرىدىن كۈتكەن تەلەپلىرى قاتارلىقلار بار. بۇ كىتابلارنىڭ سانىنى الله تىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. بۇنىڭ دەلىلى الله تعالى نىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿آمَنَ الرَّسُولُ بِمَا أُنْزِلَ إِلَيْهِ مِنْ رَبِّهِ وَالْمُؤْمِنُونَ كُلٌّ آمَنَ بِاللَّهِ وَمَلَائِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ﴾ «پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى الله قا ۋە الله نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى» (سۈرە بەقەرە 285- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ئۇلار شۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىدۇكى، بۇ كىتابلاردا ھىدايەت ۋە نۇر باردۇر ھەمدە كۆڭۈلدىكى شۈبھە ۋە شەھۋەت كېسەللىرىگە شىپا باردۇر. الله بۇ كىتابلارنى پۈتۈن ئىنسانىيەتنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن نازىل قىلغان. بۇنىڭغا الله نىڭ مۇنۇ سۆزى دەلىلدۇر: ﴿الر كِتَابٌ أَنْزَلْنَاهُ إِلَيْكَ لِتُخْرِجَ النَّاسَ مِنَ الظُّلُمَاتِ إِلَى النُّورِ بِإِذْنِ رَبِّهِمْ إِلَى صِرَاطِ الْعَزِيزِ الْحَمِيدِ﴾ «ئەلىف. لام. را. (بۇ قۇرئان شۇنداق) كىتابتۇركى، (ئى مۇھەممەد!) ئۇنى ساڭا كىشىلەرنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن (يەنى كۇفرىدىن) يورۇقلۇققا (يەنى ئىمانغا) چىقىرىشىڭ ئۈچۈن، غالىب، (ھەممە تىللاردا) مەدھىيىلەنگەن الله نىڭ يولىغا (باشلىشىڭ ئۈچۈن) نازىل قىلدۇق» (سۈرە ئىبراھىم 1- ئايەت).

ئىككى ۋەھيي (يەنى قۇرئان ۋە ھەدىس) دە تىلغا ئېلىنغان كىتابلارنىڭ ئىسمى تۆۋەندىكىچە:

1. قۇرئان؛ 2. تەۋرات؛ 3. ئىنجىل؛ 4. زەبۇر؛5. ئىبراھىم ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالاملارغا نازىل قىلىنغان سەھىپىلەر. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئۇلۇغى قۇرئان، تەۋرات ۋە ئىنجىل بولۇپ، بۇ ئۈچىنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئۇلۇغ ۋە بۈيۈكراقى قۇرئاندۇر ھەمدە قۇرئان ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پۈتۈن كىتابلارنى ئەمەلدىن قالدۇرغان ئەڭ ئالىي ھاكىم كىتابتۇر. الله قۇرئاندىن باشقا كىتابلارنى ساقلاشقا كېپىل بولمىغان شۇڭا قۇرئاننىڭ ھېچبىر لەۋزى ئۆزگەرگىنى يوق لېكىن باشقا كىتابلارنى موللا، ئالىم-ئۆلىمالار ساقلاشقا كېپىل بولغان بولغاچقا ئۇلارنىڭ ۋاپات بولۇشى ۋە ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ بۇ كىتابلارنىڭ لەۋزىلىرى ۋە مەنىلىرى ئۆزگەرگەن ۋە بۇرمىلانغان.

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە شۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىدۇكى، ئىلگىرىكى كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈش — ئىمان مۇجمەل (يەنى ئىخچام ئىمان)دۇر. بۇ دېگەنلىك ئىلگىرىكى كىتابلارنى الله نازىل قىلغان دەپ پەقەت قەلبى ۋە تىلى بىلەن تەستىقلاپ قويۇشتۇر لېكىن قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈش بولسا ئىمان مۇپەسسەل (يەنى تەپسىلىي ئىمان) بولۇپ، بۇ دېگەنلىك قۇرئاننى الله نازىل قىلغان دەپ قەلبى ۋە تىلى بىلەن تەستىقلاش، قۇرئاندا كەلگەن ھۆكۈملەرگە بويسۇنۇش، قۇرئاننى ھەر بىر چوڭ-كىچىك ئىشلاردا ئۆلچەم ۋە ھاكىم قىلىشتىن ئىبارەت.

سوئال: قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈش دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئەھلى سۈننەت شۇنىڭغا جەزمەن ئىشىنىدۇكى، قۇرئان ھەرپ ۋە مەنىلىرى بىلەن بىرلىكتە الله نىڭ ھەقىقىي كالامى (يەنى سۆزى)دۇر. ئۇ الله تەرەپتىن باشلانغان يەنە الله تەرەپكە قايتىدۇ. ئۇ مەخلۇق ئەمەس بەلكى الله تەرەپتىن نازىل قىلىنغان سۆزدۇر. الله ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە ئاڭلىنىدىغان ھەقىقىي ئاۋاز بىلەن سۆزلىگەن بولۇپ، جىبرىئىل ئۇنى الله تىن ئاڭلاپ پەيغەمبەر مۇھەممەد ﷺ گە يەتكۈزگەن. مۇھەممەد ﷺ ئۇنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلاپ قوبۇل قىلىپ، قەلبىدە ساقلاپ؛ ساھابىلىرىغا، ئاندىن ساھابىلىرى ئارقىلىق ئۆز ئۈممىتىگە يەتكۈزگەن ھەمدە ئۇ ئارقىلىق پۈتۈن ئۈممەتلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

## ھەدىس ئۈنچىلىرى

عن ابن عباس رضي الله عنه قال: قال رسول الله ﷺ: «احفظ الله تجده أمامك، تعرف إلى الله في الرخاء يعرفك في الشدة، واعلم: أن ما أخطأك لم يكن ليصيبك، وما أصابك لم يكن ليخطئك، واعلم: أن النصر مع الصبر، وأن الفرج مع الكرب، وأن مع العسر يسرا» (رواه البيهقي والحاكم، تعليق شعيب الأرنؤوط: صحيح).

### ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

ئىبنى ئابباس رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله نى ئەستىن چىقارما، ئۇنى ئالدىڭدا تاپىسەن؛ الله نى كەڭرىچىلىك ۋاقتىدا تونۇغىن، الله سېنى قاتتىقچىلىق ۋاقتىدا تونۇيدۇ. بىلگىنكى، ساڭا تەقدىر قىلىنمىغان نەرسە ساڭا كەلمەيدۇ، ساڭا تەقدىر قىلىنغان نەرسە ساڭا چوقۇم كېلىدۇ. بىلگىنكى، غەلىبە-نۇسرەت سەۋر قىلىش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ، جاپا تارتماي ھالاۋەتكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ، بىر قىيىنچىلىق بىلەن بىر ئاسانچىلىق بولىدۇ» (بەيھەقى ۋە ھاكىم توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «سەھىھ» دېگەن).

### ھەدىسنىڭ شەرھىسى

«الله نى كەڭرىچىلىك ۋاقتىدا تونۇغىن، الله سېنى قاتتىقچىلىق ۋاقتىدا تونۇيدۇ». يەنى سەن ساق، باي، خۇشال، ئازادە، خاتىرجەم ھالەتلىرىڭدە الله نىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلساڭ؛ سەندىن ساقلىق ۋە بايلىق يوقالغاندا شۇنداقلا الله قا موھتاج بولغاندا، الله سېنى ئىلگىرى قىلغان ياخشىلىقىڭنىڭ ھېسابى بويىچە دۇئايىڭنى ئىجابەت قىلىدۇ، تىلىگىنىڭنى بېرىدۇ ۋە ھەرقانداق قىيىنچىلىقتىن سېنى قۇتۇلدۇرىدۇ ھەمدە قورقۇنچتا قالغىنىڭدا ساڭا ئەمىنلىك ئاتا قىلىدۇ.

«بىلگىنكى، غەلىبە-نۇسرەت سەۋر قىلىش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ». بۇ جۈملە ئىنساننى سەۋرگە قىزىقتۇرىدۇ چۈنكى الله نىڭ ياردىمى سەۋر قىلىش بىلەن قولغا كېلىدۇ شۇڭلاشقا ئىنسان غەلىبە-نۇسرەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن سەۋر قىلىشى زۆرۈردۇر. سەۋر قىلىش دېگەن — الله قا تائەت-ئىبادەت قىلىشتىكى مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلىش، گۇناھ-مەئسىيەتتىن توختاشقا سەۋر قىلىش ھەمدە الله نىڭ تەقدىرلىرىگە سەۋر قىلىشتىن ئىبارەتتۇر («شرح رياض الصالحين»دىن ئېلىندى).

سەۋر دېگەن — شەرىئەت ۋە ساغلام ئەقىل تەلەپ قىلغان بويىچە نەپسىنى كونترول قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ — الله قا تائەت-ئىبادەت قىلىشتا ۋە گۇناھ-مەئسىيەتنى تەرك ئېتىشتە سەۋر قىلىش، مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىش ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش جەريانىدا كەلگەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىش ھەمدە كاپىرلارغا ئۇچراشقاندا سەۋر قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ چۈنكى ئىنساننىڭ ھاياتى ھەر تۈرلۈك جەڭلەر بىلەن تولغاندۇر. ئىنسان ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان ۋە خىلمۇخىل دۈشمەنلەرگە ئۇچرايدۇ، ئىنساننىڭ ئەنە شۇنداق جەڭلەردە غەلىبە قازىنىشى سەۋر قىلىشىنىڭ مىقدارىغا باغلىقتۇر، يەنى قانچىلىك سەۋر قىلسا شۇنچىلىك غەلىبە قازىنىدۇ. دېمەك، سەۋر قىلىش كۆزلەنگەن غەلىبە-نۇسرەتنىڭ يولىدۇر ۋە دۈشمەننى يېڭىپ چىقىشنىڭ ئەمەلىي قورالىدۇر شۇڭلاشقا الله ياخشىلارنى ناچارلاردىن ئايرىش، سادىقلارنى كازىب (يالغانچى)لاردىن ئايرىش ئۈچۈن، سەۋر قىلىشنى بۇ ھاياتلىقتا بەندىلىرىنى ئىمتىھان قىلىشنىڭ ئاساسى قىلدى.

«جاپا تارتماي ھالاۋەتكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ». يەنى «الفرج» دېگەن — قاتتىقچىلىق ۋە ئېغىرچىلىقنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى دېگەنلىكتۇر. ئىشلار ئېغىرلاشقانسېرى قىيىنچىلىقنىڭ كۆتۈرۈلۈشى يېقىن بولىدۇ. الله تعالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا (ئۇنىڭ دۇئاسىنى) ئىجابەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ۋە سىلەرنى زېمىننىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغان كىم؟ الله تىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟! سىلەر ئازغىنا ۋەز-نەسىھەت ئالىسىلەر» (سۈرە نەمل 62- ئايەت).

### ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىلەرگە كەمتەر ئىكەنلىكى.

ئىككىنچى، ئۆگەتكۈچىنىڭ

(ئاخىرى 2- بەتتە)








■ 6- ئاينىڭ 25- كۈنى يەمەن ئەلقائىدە مۇجاھىدلىرى يەمەننىڭ بەيدا ۋىلايىتى زىيناتىم رايونىدا ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان ھۇسى شىئەلىرىدىن 9 نەپىرىنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

■ 6- ئاينىڭ 27- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى كېنىيىنىڭ لامو رايونىدا كېنىيە ھۆكۈمەت ئارمىيىسىگە قارشى پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە كېنىيە ئارمىيىسىنىڭ بىر دانە ئەسكەر توشۇغۇچى ماشىنىسى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن ۋە 14 نەپەر ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 6- ئاينىڭ 28- كۈنى يەمەن ئەلقائىدە مۇجاھىدلىرى يەمەننىڭ بەيدا ۋىلايىتى مەشئەب رايونىدا ھۇسى شىئەلىرىنىڭ ماشىنىلىرىغا مىنا قويۇپ پارتلىتىپ، بىر ئەسكىرىي مەسئۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 6 نەپەر شىئە ئەسكىرىنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

■ 6- ئاينىڭ 28- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ باردىرىي شەھىرىدە سومالى ھۆكۈمەت ئارمىيىسى ۋە تاجاۋۇزچى كېنىيە ئارمىيىسىگە قارشى پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە ئىككى دۆلەت ئارمىيىسىدىن بولۇپ 10 نەپەر ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 6- ئاينىڭ 29- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ فەرياب ۋىلايىتى باشتونكوت رايونىدا بىر نەپەر ئەسكىرىي مەسئۇل ۋە ئۇنىڭ 2 نەپەر قوغدىغۇچىسىنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

■ 7- ئاينىڭ 2- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ لەغمەن ۋىلايىتى ئەلىيشىڭ رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 3 دانە تانكا ۋەيران بولغان، 10 نەچچە نەپەر مۇرتەد ئارمىيە ئەسكىرى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 7- ئاينىڭ 3- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ بەلىخ ۋىلايىتى ئىمام ساھىب رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىنىڭ ساقچى ئەترىتىگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە مۇرتەد ئارمىيىنىڭ 2 دانە تانكىسى ۋەيران بولۇپ، نەجىب ئىسىملىك بىر نەپەر مەسئۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 23 نەپەر ئەسكەر ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 7- ئاينىڭ 4- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ فەرياب ۋىلايىتى جەھلى غازى رايونىدىكى تەكشۈرۈش پونكىتىغا ھۇجۇم قىلىپ، بىر مۇرتەد مەسئۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 4 نەپەر ئەسكەرنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

■ 7- ئاينىڭ 5- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى كېنىيىنىڭ لامو ۋىلايىتى بىندىنغوي شەھىرىگە ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 10 نەچچە نەپەر تاغۇت ئەسكىرى ئۆلگەن ۋە بىر ساقچى مەركىزى بىلەن ئالاقە مەركىزى ۋەيران بولغان.

■ 7- ئاينىڭ 5- كۈنى سۈرىيىنىڭ هاما ۋىلايىتى خاربى نەفسە يېزىسىغا تاغۇتلار ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، الله نىڭ ياردىمى بىلەن مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز بۇ تاغۇتلارغا قارشى قاقشاتقۇچ زەربىلەرنى بېرىپ ئارقىغا چېكىندۈرگەن، نەتىجىدە 10 نەچچە نەپەر تاغۇت ئەسكىرى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ مۇشۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە خىتاينىڭ جەنۇبىدىكى 11 شەھەردە سەل ئاپىتى يۈز بېرىپ 11 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم سەل ئاپىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. خىتاينىڭ ئۆزىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈشىچە، بۇ قېتىملىق سەل ئاپىتىدە 56 ئادەم ئۆلۈپ 22 ئادەم يوقاپ كەتكەن، 600 ئۆي سۇ ئاستىدا قالغان، 6500 دىن ئارتۇق ئۆي ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان، بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 1 مىليارد 460 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن. تاغ غۇلاپ چۈشۈش سەۋەبىدىن تاغلىق رايونلاردىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان ئولتۇراق رايونلارغا بېرىش مۇمكىن بولمىغان. خىتايلار بۇ ئاپەتكە قارىتا جىددىي قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى داۋاملىق ئىشلىگەن بولسىمۇ، ئىقتىسادىي زىيان كۈنسېرى ئاشماقتا.

■ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ يېقىنقى مىسىر زىيارىتىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنى تۇتقۇن قىلىپ خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىدىكى تەلەپلىرى بىلەن مىسىر ھۆكۈمىتى ئالاھىدە ساقچىلارنى ئاجرىتىپ، مىسىردىكى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ يېقىندىن ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا 7- ئاينىڭ 4- كۈنى ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىنى باشلىغان. ئۇيغۇرلار ئاشخانا، مەسجىد، دۇكان ھەتتا كوچىلاردىن ۋە ئۆيلىرىدىن تۇتۇلۇپ ئېلىپ كېتىلگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قۇرامىغا يەتمىگەن ياش ئۆسمۈرلەرمۇ كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ، ھەتتا قۇچىقىدىكى بوۋاقلىرى بىلەن تۇتۇلغان ئاياللارنىڭمۇ بارلىقى مەلۇم. قاھىرەدىكى چوڭ ئۇيغۇر ئاشخانىسىدا تاماق يېگىلى كەلگەن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاشخانىدىكى مۇلازىمەتچىلەرمۇ مىسىرنىڭ ئالاھىدە ساقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان. قاھىرە ئايرودرومىدا 7- ئاينىڭ 4- كۈنى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ باشقا ئايرودروملارغا بېرىپ تەلىيىنى سىناپ بېقىشقا تەۋەككۈل قىلغانلىرىمۇ ئوخشاش قىسمەتلەرگە دۇچ كەلگەن.

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئۆتكەن يىلى 10- ئايدا قاھىرەگە ئۆمەك ئەۋەتىپ ئۇيغۇرلارنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن يۇمشاق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ خىزمەت ئىشلىگەن ۋە 2017- يىلى 4- ئايدىن باشلاپ مىسىردىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى گۆرۈگە ئېلىپ كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچىلارنى قايتۇرۇپ ئەكىلىپ تۈرمىگە تاشلىغان ئىدى. ئەمدىلىكتە بولسا مىسىردا قالغان ئوقۇغۇچىلارنى مەجبۇرىي ھالدا مىسىر ساقچىلىرىنىڭ قولى بىلەن تۇتقۇن قىلىپ، خىتايغا قايتۇرۇپ تۈرمىگە قاماش ئارقىلىق ۋەتەندىن ئايرىلىپ مۇساپىر بولغان ئۇيغۇرلارنى ۋەھىمىگە سېلىپ ئۆزىنىڭ تاشقىي كۈچىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق سىياسىي مەقسىتىگە يەتمەكچى.

## ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر | | جۈملىلەر | |
|---|---|---|---|
| فَاكِهَةٌ | مېۋە-چېۋە | آتِ بِفَاكِهَةٍ مِنَ السُّوقِ | مەن بازاردىن مېۋە-چېۋە ئەكىلەي |
| خَوْخٌ | شاپتۇل | هَلْ فِي دُكَّانِكَ خَوْخٌ | دۇكىنىڭىزدا شاپتۇل بارمۇ؟ |
| كُمَّثْرَى | نەشپۈت | هَاتِ بِكِيلُوَيْنِ كُمَّثْرَى | نەشپۈتتىن ئىككى كىلو بېرىڭ! |
| بَطِّيخٌ | تاۋۇز | بِكَمْ كِيْلُو بَطِّيْخٍ؟ | تاۋۇزنىڭ كىلوسى قانچە پۇل؟ |
| شَمَّامٌ | قوغۇن | آتِ بِكِيْلُوَيْنِ مِنْ شَمَّامٍ | قوغۇندىن ئىككىنى ئالغاچ كەل |
| عِنَبٌ | ئۈزۈم | هَلْ نَضِجَتِ الْعِنَبُ فِي بُسْتَانِكُمْ؟ | سىلەرنىڭ باغدا ئۈزۈم پىشتىمۇ؟ |
| بَازِلَّاءُ | كۆك پۇرچاق | نَأْكُلِ الْيَوْمَ بَازِلَّاءَ مَطْبُوخًا | بۈگۈن كۆك پۇرچاق پىشۇرۇپ يەيلى |
| فَاصُولْيَاءُ | سەي پۇرچىقى | بِكَمْ كِيْلُو فَاصُولْيَاءَ؟ | سەي پۇرچىقىنىڭ كىلوسى قانچە پۇل؟ |
| بَاذِنْجَانُ | پېدىگەن | مَا بَقِيَ فِي الْبَيْتِ بَاذِنْجَانُ | ئۆيدە پېدىگەن تۈگىدى |
| كُرُنْبٌ | كاللەكسەي | بِكَمْ كِيْلُو كُرُنْبٍ؟ | كاللەكسەينىڭ كىلوسى قانچە پۇل؟ |
| كَوْسَةٌ | سەي كاۋىسى | هَلْ فِي السُّوقِ كَوْسَةٌ؟ | بازاردا سەي كاۋىسى بارمىكەن؟ |
| خَضْرَوَاتٌ | سەي-كۆكتات | مَا بَقِيَتْ فِي الْبَيْتِ خَضْرَوَاتٌ | ئۆيدە سەي-كۆكتات تۈگەپتۇ |

## پەيغەمبەر تىبابىتى
## بىلىۋېلىڭ-ئېلىۋېلىڭ

### تۆگە گۆشى

تۆگە گۆشى ئەھلى سۈننە بىلەن رافىزىيلار ئوتتۇرىسىدا، مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان پەرقلەردىن بىر پەرقتۇر. يەھۇدىي ۋە رافىزىيلار تۆگە گۆشى يېمەيدۇ ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرى بىلەن مەيلى مۇقىم بولسۇن، مەيلى سەپەردە بولسۇن تۆگە گۆشىنى يەپ كەلگەن.

بوتىلاق گۆشى — يەپ ئادەتلەنگەن ئادەمگە لەززەتلىك ۋە ياخشى گۆشتۇر، خۇددى ئۈچكە گۆشىگە كۆنگەن ئادەمگە ئۈچكە گۆشى زىيان قىلمىغاندەك، يەپ كۆنگەن كىشىگە بوتىلاق گۆشىمۇ كېسەل پەيدا قىلمايدۇ. ئۈچكە گۆشى بىلەن تۆگە گۆشىنى تىۋىپلارنىڭ سۆكۈشى باياشات تۇرمۇشتىكى كىشىلەرگە قارىتىلغان. تۆگە گۆشى قۇرغاق ۋە ئىسسىق بولغاچقا سەۋدا پەيدا قىلىدۇ. ئۇنى ھەزىم قىلىش قىيىن، ئۇنىڭدا ياخشى بولمىغان كۈچ بار شۇڭا پەيغەمبەر ﷺ تۆگە گۆشى يېگەن ئادەمنى تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇغان. بۇ مەسىلىدە ئالىملار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ بار بولۇپ، بەزى ئالىملار: «تۆگە گۆشى يېگەن ئادەمنىڭ تاھارەت ئېلىشى ۋاجىب» دېسە، يەنە بەزى ئالىملار: «مۇستەھەب» دەيدۇ.

### ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تىببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته




تۆۋەندىكى ئىسلامىي تېپىشماقنى قېنى كىم تاپالايدۇ؟

قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان، ئۆزى پاكىز لېكىن ئىچىش چەكلەنگەن، تاھارەت ئېلىشقىمۇ بولمايدىغان، بۇلغانمىغان، رەڭگى ۋە پۇرىقى ئۆزگەرمىگەن سۇ قانداق سۇ؟

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:

1. قەلەم.

2. ئۈچ خىل ئۇسۇل بار. ئۈچ خىل ئۇسۇلنىڭ ھەممىسىدە ئۇزۇك سىزىق بىلەن كۆرسىتىلگەن ئۈچ تال سەرەڭگە تېلىنى ئېلىۋەتسەكلا بولىدۇ.




1- خىل ئۇسۇل:

2- خىل ئۇسۇل:

3- خىل ئۇسۇل:

(بېشى 1- بەتتە)

ئۆگەنگۈچىگە ئەھمىيەتلىك سۆزلەرنى قىلىشى ۋە ئۆگەنگۈچىنى دىققەتنى يىغىشقا ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكى.

ئۈچىنچى، شەرىئەت بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلغان ۋە توسقانلىرىدىن يانغان كىشىنى ھەمدە ئۇنىڭ ئەھلى-بالىلىرىنى، ماللىرىنى ۋە يېقىن تۇغقانلىرىنى الله نىڭ ھىمايە قىلىدىغانلىقى.

تۆتىنچى، الله نىڭ دىنىغا رىئايە قىلمىغان كىشىنى الله نىڭمۇ ئېتىبارغا ئالمايدىغانلىقى.

بەشىنچى، ئىنسان ياردەمگە موھتاج بولغاندا، مەخلۇقاتنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلاردا الله تىنلا ياردەم سوراشنىڭ پەرزلىكى لېكىن ئىنساننىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىشلاردا ئىنساندىن ياردەم سوراشنىڭ دۇرۇسلۇقى.

ئالتىنچى، بارچە ئۈممەت بىرلەششىمۇ بىرەر كىشىگە الله تەقدىر قىلغان نەرسىدىن باشقىنى يەتكۈزەلمەيدىغانلىقى («الوافي شرح رياض الصالحين»دىن ئېلىندى).

يەتتىنچى، ئىنسان ئۈمىدنى مەخلۇقاتلاردىن كۈتمەستىن پەقەت الله تىنلا كۈتۈشىنىڭ زۆرۈرلۈكى («شرح رياض الصالحين»دىن ئېلىندى).

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

## بەدر ئۇرۇشى بىلەن ئۇھۇد ئۇرۇشى ئوتتۇرىسىدىكى ئەسكىرىي ھەرىكەتلەر

بەدر كۈنىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ئوتتۇرىسىدا بولغان قوراللىق توقۇنۇش پۈتكۈل ئەرەبلەر ئېتراپ قىلغۇدەك دەرىجىدە كەسكىن بولغان ئىدى. بۇ جەڭنىڭ نەتىجىلىرىگە قاتتىق ئىچى پۇشۇپ، ئۆزلىرىگە ئېغىر زىيان دەپ ھېس قىلىشقان مۇشرىكلار ۋە يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە ۋە شان-شەرەپلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ۋە ئىقتىسادىي مەۋجۇتلۇقىنىڭ يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان قاقشاتقۇچ زەربە دەپ ئويلايتتى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ بەدر غازىتىدا غەلىبە قازىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، مۇسۇلمانلارغا بولغان غەزەپ-نەپرىتى تېخىمۇ ئېشىپ كەتتى.

مەدىنىدە يەھۇدىي ۋە مۇشرىكلارنىڭ مەخپىي ياردەمچىلىرى بار بولۇپ، ئۇلار ئىسلامدىن باشقا ئەزىزلىك يولى قالمىغاندا ئىسلامغا كىردى (يەنى زاھىرىي جەھەتتىن ئىسلامغا كىردى). ئۇلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنىڭ قولچوماقچىلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىسلامغا بولغان ئۆچمەنلىكى يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىڭ ئۆچمەنلىكىدىن قېلىشمايتتى. مەدىنە ئەتراپىدا ئىمان ۋە كۇفرى مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلمەستىن بۇلاڭ-تالاڭ بىلەن ياشايدىغان بىر ئوچۇم سەھرالىقلار بار ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى ۋە مەدىنىدە ئۇلارنى بۇلاڭچىلىقتىن توسىدىغان كۈچلۈك بىر دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئۇلارنى بىئارام قىلدى ۋە ئۇلارنى قورقۇتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار مۇسۇلمانلارغا ئۆچمەنلىك قىلىشقا باشلىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ بەدر جېڭىدىكى غەلىبىسى — ئۇلارنىڭ شانۇ-شەۋكىتى ۋە ئىززەت-ھۆرمىتىنى تېخىمۇ نامايەن قىلدى. مەدىنە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇناپىقلار كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمان بولۇپ لېكىن ئاستىرتتىن ئۆيەر-بۇيەرلەردە ئىسلامغا سۇيىقەست قىلىشىۋاتقان بىر پەيتتە، يەھۇدىيلاردىن بىر بۆلەك كىشىلەر ھەم ئىسلامغا بولغان ئۆچ-ئاداۋەتلىرىنى ئاشكارىلىدى. مەككە مۇشرىكلىرى بولسا قىساس ئالىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ قاقشاتقۇچ زەربىلەر بىلەن تەھدىت سېلىۋاتاتتى. مۇسۇلمانلار بۇ خەتەرنى يوق قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قوماندانلىق تالانتى ئاستىدا غايەت زور سەگەكلىك ۋە پىلان-تەدبىرلەر بىلەن مۇھىم رول ئوينىدى («الرحيق المختوم»دىن ئېلىندى).

## بەنى سۇلەيم غازىتى

بەدر ئۇرۇشىدىن كېيىن مەدىنە ئىستىخبارات خادىملىرى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يەتكۈزگەن تۇنجى خەۋەر شۇ بولدىكى، بەنى سۇلەيم ۋە غەتەفان قەبىلىسى مەدىنىگە تاجاۋۇز قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پۈتۈن قوشۇنلىرىنى يىغقان شۇڭا پەيغەمبەر ﷺ 200 نەپەر ئاتلىق قوشۇن بىلەن ئۇلارنىڭ ئولتۇراق رايونلىرىنىڭ مەركىزىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەككە بىلەن شام ئارىسىنى تۇتاشتۇرىدىغان كۇدر دېگەن جايدىكى ئاھالىلەرگىچە باستۇرۇپ كىرگەن، شۇنىڭ بىلەن بەنى سۇلەيم قەبىلىسى 500 تۆگىنى جىلغىدا تاشلاپ قويۇپ قاچقان، بۇ تۆگىلەرنى مەدىنە ئارمىيىسى ئىگىلىگەن. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇلارنىڭ بەشتىن بىرىنى ئايرىپ بولغاندىن كېيىن مۇجاھىدلارغا تەقسىملەپ بەرگەن. ھەر بىر مۇجاھىد ئىككىدىن تۆگىگە ئېرىشكەن. رەسۇلۇللاھ ﷺ يەسار ئىسىملىك بىر غۇلامنى ئەسىر ئالغاندىن كېيىن ئۇنى ئازات قىلىۋەتكەن. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ دىيارىدا ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن مەدىنىگە قايتىپ كەلگەن. مانا بۇ غازات ھىجرىيىنىڭ ئىككىنچى يىلى شەۋۋال ئېيىدا، رەسۇلۇللاھ ﷺ بەدردىن قايتىپ يەتتە كۈندىن كېيىن يۈز بەرگەن. بۇ غازاتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ مەدىنىگە سىباھ ئىبنى ئۇرفۇتا رضي الله عنه دېگەن ساھابىنى ئورۇنباسار ئەمىر قىلغان. بەزى ئالىملار: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم رضي الله عنه ئورۇنباسار قىلىنغان» دەيدۇ.

### يۇقىرىقىلاردىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، مۇسۇلمانلارغا، بولۇپمۇ مۇجاھىدلارغا ئىستىخبارات خىزمىتىنىڭ ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەنلىكى ۋە ئىستىخبارات خىزمىتىدە مەلۇمات ئىگىلەش سۈرئىتىنىڭ تېز بولۇشىنىڭ مۇھىملىقى چۈنكى ئىستىخبارات خادىملىرى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە مەلۇماتنى تېز يوللىمىغان بولسا غەلىبە ۋە غەنىيمەتنىڭ ئورنىغا غەم ۋە مۇسىبەت ئالماشقان بولاتتى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىستىخبارات خىزمىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن.

ئىككىنچى، ئىستىخبارات خىزمىتى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى جەھەتتىن: مەلۇمات توپلاش ئىستىخباراتچىلىقى ۋە ئەمنى (يەنى خەۋپسىزلىك) ئىستىخباراتچىلىقىدىن ئىبارەت قوش يۆنىلىشلىك بولۇپ، ئۇ كۆزلەنگەن نىشان جەھەتتىن يەنە «ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ سىرتىغا ئالاقىدار ئىستىخبارات» ۋە «ئىچىگە ئالاقىدار ئىستىخبارات» دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

ئۈچىنچى، «مەدىنە ئىستىخباراتلىرى» دېگەن سۆزنى ئىزدەنگىنىمىزدە، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تەرجىمھالىدىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇئەييەن كىشىنى دائىم ئىستىخبارات خادىمى قىلغانلىقىنى كۆرمەيمىز بەلكى مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلار بولسۇن ياكى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تاغىسىغا ئوخشاش ھىجرەت قىلىشقا قادىر بولالمىغان مۇسۇلمانلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى، خۇسۇسەن مۇجاھىدلار قوشۇنى ئۈچۈن تاقىتىنىڭ يېتىشىچە ئىستىخبارات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇگۈنكى مۇسۇلمانلار ۋە مۇجاھىدلار بۇنىڭغا قاتتىق ئەھمىيەت بېرىشلىرى كېرەك. (يەنى ئىستىخبارات خىزمىتى مېنىڭ ئىشىم ئەمەس بەلكى ئىستىخبارات خادىملىرىنىڭ ئىشى دەپ قاراش دۇرۇس ئەمەستۇر.)

تۆتىنچى، دۈشمەنگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش كۆپىنچە ھالدا پايدا بېرىدىغان ياخشى تاكتىكىدۇر (ئەمما ھەر ۋاقىت ئەمەس). بەزىدە مۇداپىئەدە تۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ ياخشى تاكتىكا بولۇپ قالىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن بۇ ئىجتىھادىي مەسىلە بولۇپ، بۇنىڭغا پەقەت تەجرىبە ۋە ئامانەت بىلەن تونۇلغان ئەسكىرىي مەسئۇللارلا قارار چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە.

بەشىنچى، ئەمىر ئۆزى سەپەرگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن ئۆز ئورنىغا ئورۇنباسار تەيىنلەپ قويۇشىنىڭ زۆرۈرلىكى.

ئالتىنچى، جامائەت مەسئۇللىرى قول ئاستىدىكىلەرنى نوقۇل ئىتائەت قىلغۇچى ئەسكەر قىلىپلا تەربىيىلىمەستىن بەلكى ئەمىرلەر يوق شارائىتتا مەسئۇللۇقنى قولىغا ئالالايدىغان قىلىپ تەربىيىلىشى ھەم زۆرۈر.

يەتتىنچى، ئەما بولسىمۇ سەممىي بولسا، خاس ئىشلارغا ئەمىر ياكى نامازغا ئىمام بولۇشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركىساندا)




# قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئەزارىقە خاۋارىجلىرىغا قارىغاندا نەجداد خاۋارىجلىرىنىڭ پىكرى ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ پىكرىگە يېقىنراق بولغان بىر قەدەر مۆتىدىلراق پىكىر ئىدى. ئىبنى ئابدۇرەببەھ دېگەن ئالىمنىڭ قارىشىچە، خاۋارىجلار نافىي ئىبنى ئەزرەق مەيدانىغا كېلىشتىن ئىلگىرى پەقەت ئىنتايىن ئاز پىكىرلەردىلا ئىختىلاپلىشاتتى. نافىي ئىبنى ئەزرەق كەلگەندىن كېيىن، ئۇ، خاۋارىجلارنىڭ ئارىسىدا ئىنتايىن كاتتا ھاڭلارنى پەيدا قىلدى («العقد الفريد» 2- توم 391- بەت).

## ئىككىنچى تېما: پىرقىشۇناس ئالىملارنىڭ خاۋارىج پىرقىلىرىنى بايان قىلىش يوللىرى

تەتقىقاتچىلار خاۋارىجلارنىڭ يىلتىز ياكى شاخچە خاراكتېرلىك پىرقىلىرىنى سانىماقچى بولسا، بۇ ھەقتىكى ئۆلىمالارنىڭ ئىختىلاپىنىڭ كۆپلۈكىدىن ھەيران قالىدۇ چۈنكى ئىسلام پىرقىلىرى ھەققىدىكى كىتابلار خاۋارىجلارنىڭ ئاساسىي ياكى قوشۇمچە پىرقىلىرىنىڭ مۇئەييەن سانىغا بۆلۈنىدىغانلىقىغا ھەرگىزمۇ بىرلىككە كەلگەن ئەمەس چۈنكى ئالىملارنىڭ بەزىسى ئۇلارنى تۆت پىرقىگە ئايرىسا؛ بەزىسى بەشكە، بەزىسى يەتتىگە، بەزىسى سەككىزگە يەنە بەزىلىرى بولسا 25 كە... ئايرىيدۇ. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، خاۋارىجلار — خەلق ئاممىسىدىن ئىبارەت «رىقابەتچىلىرى» تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغان ئىسيانكار پىرقىلەردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ خىل ھالىتى ئۇلار مەيدانغا كەلگەن شۇ دەۋردىكى خاۋارىج پىرقىلىرىنى تەپسىلىي ستاتىستىكا قىلىش شارائىتىغا توسقۇنلۇق قىلغان.

ئىككىنچى، ئۇلار ئۆز كىتابلىرىنى كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن مەخپىي تۇتقانلىقى ئۈچۈن، ئۆز ئىشىنىڭ مەخپىي بولۇشىغا ئۆزئارا ھەسسە قوشۇشقان. ئۇلارنىڭ بۇ كىتابلارنى مەخپىي تۇتۇشى — كىشىلەرنىڭ بۇ كىتابقا چېقىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكتىن ياكى ئۇ كىتابلارنى كىشىلەردىن ئايىغانلىقتىن بولغان چۈنكى ئۇ كىتابلار ئىنتايىن ئاز ئىدى. خاۋارىجلارنىڭ بوش ۋاقىتلىرى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ئۇلار ئۆمۈر بويى پۈتۈن ۋاقىتلىرىنى جەڭگە ياكى جەڭ تەييارلىقىغا ئاجرىتاتتى.

ئۈچىنچى، ئۇلار خاتىرجەملىك ۋە تىنچلىقتىن بەھرىمان بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىلمىنىڭ ھەر قايسى پەنلىرى ھەققىدە ئويلىنىشقا، ئۆزلىرىنىڭ مەزھىپىنى تەتقىق قىلىشقا ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل پىرقىلىرىنىڭ تارىخىنى تەپسىلىي يېزىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان.

تۆتىنچى، خۇددى بىز ئىلگىرى ئېيتقاندەك، ئۇلارنىڭ بۆلۈنۈشى ئىنتايىن تېز ئىدى چۈنكى ئۇلار ئازغىنە ئەرزىمەس سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نۇرغۇن پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كېتەتتى.

ئىمام ئەبۇ ھەسەن ئەشئەرى رحمه الله: «خاۋارىجلار ئەزارىقە، نەجدات، ئىبازىيە ۋە سەفەرىيە دەپ تۆت پىرقىگە بۆلۈنىدۇ ھەمدە ئەزارىقە، ئىبازىيە ۋە نەجداتلاردىن باشقا بارلىق پىرقىلەر سەفەرىيەلەردىن شاخلىنىپ چىققاندۇر» دېگەن («مقالات الأشعري» 1- توم 183- بەت). بۇ سۆزگە ئىبنى ئابدۇرەببەھ قوشۇلغان لېكىن ئۇ بەھىيسىيە پىرقىسىنى نەجدات پىرقىسىنىڭ ئورنىدا سانىغان چۈنكى بەھىيسىيە پىرقىسى ئۇنىڭ نەزىرىدە خاۋارىجلارنىڭ چوڭ پىرقىلىرىدىن ھېسابلىناتتى («العقد الفريد» 2- توم 391- بەت).

بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، خاۋارىجلار يەتتە ئاساسىي پىرقە بولۇپ، يۇقىرىقى پىرقىلەرگە مۇھەككىمە ۋە ئەجارىدە پىرقىلىرىنى قوشقان. ئۇلار ئىبازىيەنىڭ شاخچە پىرقىلىرى تۆت، ئەجارىدەنىڭ بولسا ئون ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. شۇنىڭدەك، ئىمام شاتىبىيمۇ ئۇلارنى مۇھەككىمە، نەجدات، بەھىيسىيە، ئەزارىقە، ھۇرراس، ئەبدىيە ۋە ئىبازىيە دەپ يەتتە پىرقىگە بۆلگەن.

### بىرىنچى ماۋزۇ: مۇھەككىمەلەر (يەنى تەھكىمچىلەر) پىرقىسى

بۇ پىرقە ئۆزىدىن كېيىن بۆلۈنگەن پىرقىلەر ئۈچۈن ئاساسىي ۋە ئانا پىرقە ھېسابلىنىدۇ. تەھكىم (يەنى ئەلى رضي الله عنه بىلەن مۇئاۋىيە رضي الله عنه ئوتتۇرىسىدىكى ماجىراغا ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى ۋە ئەمر ئىبنى ئاس رضي الله عنهما لارنى ھۆكۈم چىقارغۇزۇش) كېلىشىمى پۈتكەندە بۇ پىرقىنىڭ ئىمام ئەلى رضي الله عنه نىڭ قوشۇنىدىن ئايرىلىپ چىققانلىقى

(ئاخىرى 3- بەتتە)





(بېشى 2- بەتتە)

ھەممىگە مەلۇم. ئۇلار ھەرۇرا دېگەن جايغا چىققاندا ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارىشىغا ئوخشىمىغان كۆز قاراشتىكى مۇسۇلمانلارغا ۋەھشىيلەرچە مۇئامىلە قىلغان. شەيخ مۆلتى ئۇلارنى مۇنداق سۈپەتلەيدۇ: «خاۋارىجلارنىڭ دەسلەپكى پىرقىسى مۇھەككىمەلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىگە قوشۇلمىغان كىشىلەرگە دائىم ئۇرۇش ئاچاتتى، ئۇلارنىڭ بىرى تەھكىمگە چىققاندا ئادەم ئۆلتۈرمىگۈچە قايتمايتتى شۇڭا كىشىلەر دائىم ئۇلاردىن خەۋپسىرەپ قورقۇنچ ئىچىدە ياشايتتى» («التنبيه و الرد»نىڭ 51- بېتى).

«تەھكىمگە چىقىش» دېگەننىڭ مەنىسى شۇكى، خاۋارىج خەلق ئارىسىغا قىلىچىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ: «ھۆكۈم قىلىش پەقەت الله قىلا خاس!» دەپ ۋارقىرايتتى. ئۇلارنىڭ تۇنجى باشلىقى نەھرىۋان جېڭىدە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رضي الله عنه غا قارشى جەڭگە قوماندانلىق قىلغان ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھب راسىبى ئىدى. خاۋارىجلار بۇ جەڭدە دەھشەتلىك قىرىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەڭ رەزىل جىنايەتلىرىنىڭ بىرى — ساھابە خەبباب رضي الله عنه نىڭ ئوغلى ئابدۇللاھنى ئۆلتۈرگەنلىكى. ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرۈشتىن بۇرۇن، ئابدۇللاھ ئۇلارغا پىتنىگە ئارىلاشماسلىق ھەققىدىكى ھەدىسلەرنى سۆزلەپ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنى دەريا بويىدا بوغۇزلاپ، ھامىلدار ئايالىنىڭ قورسىقىنى يېرىپ تاشلىغان («مقالات الأشعري» 1- توم 210- بەت).

### ئىككىنچى ماۋزۇ: ئەزارىقە پىرقىسى

بۇ پىرقىنىڭ رەھبىرى ئىبنى ئابباس رضي الله عنه بىلەن مۇنازىرىلىشىشتە داڭقى چىققان نافىي ئىبنى ئەزرەق بولۇپ، ئۇنىڭ كۇنىيىسى (يەنى ھۆرمەت ئىسمى) ئەبۇ راشىد، ئۇ — مۇسەيلىمە كاززاپ مەنسۇپ بولغان ھەنىفە قەبىلىسىدىندۇر. ئاز بىر قىسىم تارىخچىلار كۆپچىلىك تارىخچىلارغا خىلاپ ھالدا ئۇنىڭ ئىسمىنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەزرەق دەپ ئاتىغان. نافىي ئىبنى ئەزرەق ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىدىكى خاۋارىجلارنى توپلاپ، مەككىنى مۇھاسىرە قىلىۋالغان ئۇمەييە خەلىپىلىكىنىڭ قوشۇنىغا قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رضي الله عنه غا قوشۇلۇش تەلىپىنى قويغان. ئۇ خۇتبىسىدە خاۋارىجلارغا: «شۈبھىسىزكى، زالىم-زومىگەرلەر سىلەرگە قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىدى، مانا بۇ كىشى (يەنى ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير رضي الله عنه نى دېمەكچى) مەككىدە قوزغىلاڭ كۆتۈردى شۇڭا بىز بىرلىكتە بەيتۇللاھقا بېرىپ بۇ كىشى بىلەن ئۇچرىشايلى، ئەگەر ئۇنىڭ پىكرى بىزنىڭكىدەك بولسا ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە دۈشمەنگە قارشى جىھاد قىلايلى، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا بىز تاقىتىمىزنىڭ يېتىشىچە بەيتۇللاھنى قوغدايلى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىشلىرىمىزغا قاراپ باقارمىز» دەپ خىتاب قىلغان. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۇنىڭ سۆزىگە ئىتائەت قىلىپ مەككىگە چىققان. ئاخىرىدا ئۇلار ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رضي الله عنه نى ئىمتىھان قىلىپ بېقىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆز قاراشتا چىقىشالمايدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ھىجرىيە 64- يىلى ئىبنى زۇبەير رضي الله عنه دىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتكەن. ئۇلار مەككىدىن چىقىپ ئىككى تەرەپكە ئورۇنلاشقان. بىر تەرەپ بەسرە بولۇپ، ئۇ يەرگە ئورۇنلاشقانلار نافىي ئىبنى ئەزرەق، ئابدۇللاھ ئىبنى سىفار سەئدى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئىبازى، ھەنزەلە ئىبنى بەيھەس ۋە بەنى ماھۇز جەمەتى ئىدى. يەنە بىر تەرەپ بولسا يەمامە بولۇپ، بۇ يەرگە ئورۇنلاشقانلار ئەبۇ تالۇت، ئابدۇللاھ ئىبنى سەۋر ۋە ئەتىيەتۇل ئەسۋەد يەشكۇرى ئىدى ئەمما بەسرە ئەھلىگە كەلسەك، ئۇلار ئۆزلىرىگە نافىي ئىبنى ئەزرەقنى ئەمىر قىلدى. ئۇ بەسرە ئەھلىدىن ئەنسىرىگەنگە قەدەر بەسرەدە تۇرۇپ قالدى، كېيىن ئەھۋازغا چىقىپ نۇرغۇن ئەگەشكۈچىلەرگە ئېرىشتى.

يەمامە ئەھلىگە كەلسەك، ئۇلار ئۆزلىرىگە ئەبۇ تالۇتنى ئەمىر قىلىپ سايلىدى. ئاندىن ئۇنى چۈشۈرۈۋېتىپ ئورنىغا نەجدە ئىبنى ئامىرنى ئەمىر قىلدى. كېيىنچە كونتروللۇق ئەھۋازدىكى نافىي ئىبنى ئەزرەق ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ قولىغا مەركەزلەشتى چۈنكى ئۇلار ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رضي الله عنه نىڭ زامانىسىدىلا ئەھۋاز، ئەھۋازنىڭ ئارقىسىدىكى پارس يۇرتلىرى ۋە كەرمان قاتارلىق يۇرتلارنى ئىشغال قىلىۋالغان بولۇپ، ئىبنى زۇبەير رضي الله عنه نىڭ بۇ يۇرتلاردىكى ۋالىيلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكەن ئىدى. نافىي ھىجرىيە 65- يىلى جۇمەدىيەل ئاخىر ئېيىدا قەتلى قىلىندى چۈنكى بۇ ۋاقىتتا، ئەھۋازدا ئۇنىڭ بىلەن مۇسلىم ئىبنى ئەبىس قوماندانلىقىدىكى بەسرەلىكلەر قوشۇنى ئارىسىدا دەھشەتلىك ئۇرۇش بولغانىدى. بۇ قوشۇننى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رضي الله عنه نىڭ بەسرەگە قويغان ۋالىيسى ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىس خۇزائى يولغا سالغان ئىدى. نافىي بۇ جەڭدە قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن، خاۋارىجلار ئۆزلىرىگە قەترى ئىبنى فەجائەنى ئەمىر قىلدى. ئەزارىقەلەر كېيىنكى دەۋرلەردە قەترى ئىبنى فەجائەگە قارشى قوزغىلىپ ئۇنىڭدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتتى («الكامل» 1- توم 195- بەت).

خاۋارىجلار ئىچىدە سانى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتى ئەڭ كۆپ بولغان پىرقە پەقەت ئەزارىقەلەر پىرقىسى ئىدى. دەل شۇ تۈپەيلى كىشىلەر ئۇلاردىن قورقۇپ ۋە ئالاقزادە بولۇپ ياشايتتى چۈنكى ئۇلار كىشىلەرگە دائىم ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى. ئۇلار تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك دېگەنلەرنى پەقەتلا بىلمەيتتى. ئىبنى ھەزىم رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «ئەزارىقەلەر ھەممىسى بىر خىل ئەسكەرلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەۋۋىلى نافىي ئىبنى ئەزرەق، ئاخىرى بولسا ئۇبەيدە ئىبنى ھىلال ئەسكەرى ئىدى. ئۇلارنىڭ شەۋكىتى 20 نەچچە يىل داۋاملاشتى» («الفصل» 4- توم 189- بەت) لېكىن ئۇنىڭ مەشھۇر بولغان ئىسمى ئۇبەيدە ئىبنى ھىلال ئەسكەرى ئەمەس بەلكى يەشكۇرىدۇر. ئەزارىقەلەر بولسا مۇھەككىمەلەر پىرقىسىدىن كېيىن قالسا خاۋارىجلار ئىچىدىكى ئەڭ ئانا پىرقىلەردۇر چۈنكى ئەزارىقەلەردىن نەجداتلار، نەجداتلاردىن ئەتاۋىيىيەلەر، ئەتاۋىيىيەلەردىن ئەجارىدەلەر پىرقىسى ئايرىلىپ چىققان.

«كىتابۇل ئەديان»نىڭ 97- بېتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «نافىي ئىبنى ئەزرەق بولسا تۇنجى بولۇپ <تۇغرا يول ئەھلى> (يەنى ئىبازىلەرنى دېمەكچى)گە قارشى چىققان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى پارچىلىغان ھەمدە ھىجرەتنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئەسىرگە ئېلىشنى ئۆزىگە ئەقىدە قىلغان، مۇسۇلمانلارغا نىكاھلىنىشنى ۋە ئۇلار بىلەن ئۆزئارا مىراس ئېلىشىشنى ھارام سانىغان شۇنداقلا نۇرغۇن بۇزۇق بىدئەت ئەقىدىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن، بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا ۋە <تۇغرا دىن ئەھلى> (يەنى ئىبازىلەر)لەرگە قارشى يول تۇتقان كىشىدۇر. ئۇ بەسرەدىن ئەھۋازغا چىقىپ ئەھۋازنى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى پارس يۇرتلىرىنى ھەمدە كەرمان، سىجىستان ۋە مىكران قاتارلىق يۇرتلارنى بېسىۋالغان».

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# پايدىلىنىش بىلىملىرى

(چاتما ماتېرىياللار)



# پارتىزانلىق ئۇرۇشى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئافغانىستاندا سوۋېت كاپىرلىرىنىڭ نىشانى مۇستەملىكە زېمىنلىرىنى كېڭەيتىش ۋە ھاكىمىيىتىنى ئۇستۇنلۇككە ئىگە قىلىش ئىدى. مۇجاھىدلارنىڭ ئېنىق نىشانلىرى بولسا تاجاۋۇزچى كاپىرلارنى قوغلاپ چىقىرىش ئىدى.

2. خەلقنىڭ قوللىشى

ۋيېتنام

جىياك جەنۇبىي ۋيېتنام خەلقىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى ۋە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنىڭ ئۈنۈمىنى كۆردى. ۋىيست مورلەنمۇ بۇ مەقسەتتە مۇئەييەن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ بىراق ئۇ ئەنئەنىۋى ئۇرۇشنى خەلقنىڭ قوللىشىنىڭ ئالدىغا قويدى.

ئافغانىستان

سوۋېتلارمۇ خەلقنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن چەكلىك تىرىشچانلىقلارنى چىقاردى بىراق مەقسىتىگە يېتەلمىدى. مۇجاھىدلار بۇ مەقسەتتە تىرىشچانلىق كۆرسەتمىدى چۈنكى خەلق ئەزەلدىنلا مۇجاھىدلارنى قوللايتتى.

3. قورۇش

ۋيېتنام

جىياكنىڭ شىمالىي ۋيېتنامدا مۇنتىزىم ئارمىيىسى بولۇپلا قالماستىن يەنە جەنۇبىي ۋيېتنام رايونلىرىدا پارتىزانلىرى بار ئىدى. ۋېست مورلەنگە تەۋە قىسىملاردىن ۋيېتنامدىكى ئامېرىكا ئارمىيىسى ۋە جەنۇبىي ۋيېتنام ھۆكۈمەت ئارمىيىسى بار ئىدى.

ئافغانىستان

بۇ ئۇرۇشتا سوۋېتلار ناھايىتى زور مىقداردا ئەسكەر ۋە قورالالرنى ئىشقا سالدى. مۇجاھىدلار بولسا دەسلەپتە ئۇرۇشنى كىچىكتىن باشلىدى بىراق تېز سۈرئەتتە كۆپەيدى ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئەسكىرىي ياردىمىگە ئېرىشتى.

4. خورىتىش

ۋيېتنام

جىياكنىڭ نەزىرىدە خورىتىش بولسا ئامېرىكىنى ھاردۇرۇپ ۋيېتنامدىن چېكىندۇرۇش ئىدى بىراق ۋېست مورلەننىڭ خورىتىشقا بەرگەن ئېنىقلىمىسى باشقىچە بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتى ئامالىنىڭ بارىچە كوممۇنىستلار بىلەن پارتىزانلارنى كۆپلەپ ئۆلتۈرۈش ئىدى.

ئافغانىستان

دەسلەپتە سوۋېت بۇ جەھەتتە ئۇستۇنلۇك قازانغاندەك كۆرۈنەتتى چۈنكى ئۇلارنىڭ تىكئۇچارلىرى ناھايىتى يۆتكىلىشچان ۋە زەربە بېرىشچان ئىدى بىراق مۇجاھىدلار يېڭى قوراللارغا ئېرىشكەندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئامېرىكىدا ياسالغان مۇرىگە قويۇپ ئاتىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا ئېرىشكەندىن كېيىن سوۋېتنىڭ ئۇستۇنلۇكى پەسكويغا چۈشۈپ مۇجاھىدلار ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىشكە باشلىدى.

5. بۇرۇلۇش

ۋيېتنام

ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئامېرىكا چېكىنگەندىن كېيىن جىياكنىڭ پارتىزانلىق ئۇرۇشىدىن ئەنئەنىۋى ئۇرۇشقا يۆتكىلىش پىلانى ئەمەلگە ئاشتى، بۇ جەرياندا جەنۇبىي ۋيېتنام ھۆكۈمىتى ئاساسەن قارشىلىق كۆرسىتەلمىدى.

ئافغانىستان

مۇجاھىدلار پارتىزانلىق ئۇرۇشىدىن ئەنئەنىۋى ئۇرۇشقا ئۆتۈش پەيتىنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشتى.

6. ئاغدۇرۇش

ۋيېتنام

دۆلەت ئاسانلا كوممۇنىست بايرىقى ئاستىدا بىرلىككە كەلدى.

ئافغانىستان

بىر قانچە يىللىق ئىچكى ئۇرۇشتىن كېيىن ھاكىمىيەت تالىبان مۇجاھىدلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى.

پارتىزانلىق ئۇرۇشى 20- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى نۇرغۇنلىغان توقۇنۇشلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى شۇنداقلا بۇ ئۇرۇش تاكتىكىسى 21- ئەسىردىمۇ ئۆز ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرىدىغاندەك قىلاتتى.

«قاچانكى ئاجىز كۈچلەر كۈچلۈك دۈشمەنلەر بىلەن توقۇنۇشۇپ قالسا پارتىزانلىق ئۇرۇشى شەكىللىنىدۇ. بۇ ئۇرۇش ئاجىزلارنىڭ كۈچلۈكلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ... بۇ ئۇرۇش ئۇلارغا سىياسىي ۋە ئەسكىرىي جەھەتتىن غەلىبە قىلىش ئىمكانىيىتى بېرىدۇ» (ئامېرىكا ھەربىي مۇتەخەسسىسى لىيود كلەك).

پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئۇرۇشنىڭ ناھايىتى ئاساسىي قىسىملىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۇرۇش ھازىرقىدەك ناھايىتى كۈچلۈك تېخنىكىلىق دەۋردىمۇ ئۆز كۈچىنى يوقاتقىنى يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۇرۇش تاكتىكىسى داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

## ئائىلىدىكى رېتسېپلار

### سۈتلۈك مېغىز چاي

بۇ خىل چاينىڭ تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق بولۇپ، بەدەننى سەمرىتىدۇ، ئۇزۇقلۇق تولۇقلايدۇ، بەدەنگە قۇۋۋەت بولىدۇ. ئېھتىياجغا قاراپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

خۇرۇچى: بادام مېغىزى، ياڭاق مېغىزى، ھەسەل، يېڭى سۈت، مۇۋاپىق مىقداردا قارىچاي.

تەييارلاش ئۇسۇلى: ياڭاق ۋە بادام مېغىزىنى قايناق سۇغا چىلاپ يۇمشىتىپ، پوستىنى ئاقلاپ ئەينەك ھاۋانچىدا يانجىپ، شىرنە ھالىتىگە كەلتۈرۈپ چىنىگە ئېلىپ ئۈستىگە ئازراق ھەسەل سېلىپ، دەملەنگەن قىزىق سۈتلۈك چاينى قۇيۇپ تەييارلىنىدۇ.